قۇربان ھېيتنى ئورتاق ئۆتكۈزۈش

# تىيانشاننىڭ جەنۇبى-شىمالىدىكى شادلىق، ئىناقلىق



8 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئورمانچىلىق ۋە ئوتلاق ئىدارىسى(ئۈرۈمچى شەھەرلىك باغ-ئورمان باشقۇرۇش ئىدارىسى)نىڭ سايباغ رايونىنىڭ خوتەن كوچىسى تەۋەلىك رايونى باشقۇرۇش كومىتېتى جۇجياڭ يولى شىمالىي مەھەللىسىدە تۇرۇشلۇق «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» خىزمەت ئەترىتىنىڭ ئەترەت ئەزالىرى تەۋە رايوندىكى ئاھالىلەرنىڭ ئۆيىگە كېلىپ، قۇربان ھېيتنى ئورتاق ئۆتكۈزدى. □مۇخبىرىمىز ۋاڭ جىن فوتوسى

2019 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى قۇربان ھېيت، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» بويىچە كەنتتە تۇرۇشلۇق خىزمەت ئەترەتلىرى ۋە تۇغقانلاشقان كادىرلار كۆپ خىل شەكىللەر ئارقىلىق ھەر مىللەت ئاممىنى يوقلاپ ۋە ئۇلاردىن ھال سوراپ، بايرامنى ئورتاق ئۆتكۈزدى؛ قوشماقلاشقان تۇغقانلار ئۆزئارا بەخت تىلەپ، گۈزەل كەلگۈسى توغرىسىدا ئورتاق پاراڭلاشتى.

## رەڭدار پائالىيەتلەر ئارقىلىق بايرامنى تەبرىكلەش

8 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى ئەتىگەندىلا، ماناس ناھىيەسىنىڭ لەنجوۋەن بازىرى باجياخۇ كەنتىدىكى مەدەنىيەت ئۆيىنىڭ ئىشكى ئالدىغا ئىككى ئۇزۇن ئۈستەل توغرىسىغا جۈپلەپ قويۇلغانىدى، ئۈستىگە تاۋۇز، قوغۇن، ئۈزۈم، ئالما، شاپتۇل، ئەينۇلا قاتارلىق مېۋىلەر تىزىلغان بولۇپ، بۇلارنىڭ ھەممىسى بۇ يىل سانجى گېزىتخانىسىنىڭ باجياخۇ كەنتىدە تۇرۇشلۇق «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» خىزمەت ئەترىتىنىڭ كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ھويلا ـ ئاران ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشىغا ئىلھام بەرگەنلىكىنىڭ نەتىجىسى ئىدى.

قۇربان ھېيت كۈنىدىكى مېۋە ـ چېۋىلەرگە ئېغىز تېگىش يىغىنىدا، خىزمەت ئەترىتىنىڭ ئەترەت ئەزالىرى ھەر مىللەت كەنت ئاھالىلىرى بىلەن بىللە ئولتۇرۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى دوستلۇق رىشتى توغرىسىدا كەڭ ـ كۇشادە پاراڭلاشتى، گۈزەل، بەختلىك كەلگۈسىگە نەزەر سالدى.

بۇ يىل 80 ياشقا كىرگەن جىن جيىڭ بىر تەرەپتىن قوغۇن يېگەچ، بىر تەرەپتىن خۇشال ھالدا مۇنداق دېدى: «ھەر قېتىمقى بايرامدا خىزمەت ئەترىتى ۋە كەنت كادىرلىرى سوۋغات ئېلىپ بىزدەك يالغۇز تۇرۇۋاتقان ياشانغانلارنى يوقلاپ تۇردۇ، كەنتتە پائالىيەت ئۆتكۈزگەندىمۇ بىزنى قاتنىشىشقا تەكلىپ قىلدۇ، كۆپچىلىك خۇددى بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك بولۇپ كەتتۇق».

بۇ تەرەپتە مېۋە-چېۋىلەرگە ئېغىز تەگكەچ دوستلۇق پاراڭلىرى بولۇنسا، ئۇ تەرەپتە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بىرلەشمە دوستلۇق پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلۈپ بايرام تەبرىكلەندى.

8 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى چۈشتە، كۇچا ناھىيەسىنىڭ ئۈچئۆستەڭ يېزىسى ئۈچئۆستەڭ كەنتىدىكى مېۋىلىك باغدا كۆلكە سادالىرى ياڭراپ تۇراتتى. كەنتتىكى ئەر ـ ئايال، قېرى ـ ياش ۋە كەنتتە تۇرۇشلۇق كادىرلار، تۇغقانلاشقان كادىرلار خۇشال ـ خۇرام بىر يەرگە جەم بولۇپ، قۇربان ھېيتنى ئورتاق ئۆتكۈزدى.

كۆپچىلىك بىللە ئېيتقان «مەن ۋە ۋەتىنىم» «يېڭى دەۋرگە قەدەم قويۇش» قاتارلىق ناخشىلار ناھايىتى ياڭراق ئىدى. بىرلىكتە ئوينالغان مەشرەپ ئادەتتىن تاشقىرى قىزىپ كەتتى.

پائالىيەتتە، ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتىنىڭ ئۈچئۆستەڭ كەنتىدە تۇرۇشلۇق «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» خىزمەت ئەترىتى ۋە كەنت «ئىككى كومىتېتى» «گۈزەل ھويلا ـ ئاران» قۇرۇلۇشىدىكى 14 ئۈلگىلىك ئائىلىنى تەقدىرلىدى.

تەقدىرلەنگەن مەمەت توختى ھاياجانلانغان ھالدا مۇنداق دېدى: «2017-يىلىدىن باشلاپ، كەنت ھەر يىلى بىر تۈركۈم ‹گۈزەل ھويلا-ئاران› قۇرۇلۇشىدىكى ئۈلگىلىك ئائىلىلەرنى تەقدىرلىدى، بۇ يىل مەن مۇكاپاتلىنىپ بەك خۇش بولدۇم، كۆپچىلىكنى مېھمان بولۇشقا تەكلىپ قىلىمەن، مېنىڭ ھويلامنى كۆرۈپ بېقىڭلار».

## بېرىش ـ كېلىش قىلىپ، بايرامنى قۇتلۇقلاش

8 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى ئەتىگەندىلا، تۇرپان شەھەرلىك ھۆكۈمەت ئىشخانىسىنىڭ تۇرپان شەھىرىنىڭ توقسۇن ناھىيەسى شا بازىرى بۇلاقبېشى كەنتىدە تۇرۇشلۇق «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» خىزمەت ئەترىتىنىڭ ئەترەت ئەزالىرى بايراملىق سوۋغاتلارنى ئېلىپ قوشماقلاشقان تۇغقانلىرىنىڭ ئۆيىگە كېلىپ، بايراملىق تىلەكلىرىنى يەتكۈزدى.

چۈشكە يېقىن، بۇلاقبېشى كەنتى بۇلاق گۈللۈكى مەھەللىسىنىڭ ئاھالىسى ۋەلى ئېلى بىلەن ھۆسەن توختى خىزمەت ئەترىتىنىڭ ئەترەت ئەزالىرىنى ئۆزلىرىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ بايرامنى بىللە ئۆتكۈزۈشكە تەكلىپ قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۇلارنىڭ قوشنىلىرىمۇ تەكلىپ قىلىنغانىدى. كۆپچىلىكنىڭ بەزىلىرى مېۋە ـ چېۋە، بەزىلىرى پىشۇرۇلغان قوي گۆشى ئېلىۋالدى، ئۇزاق ئۆتمەيلا سۇيۇقئاش، پولۇ، ئىچمىلىك، مېۋە ـ چېۋىلەر چوڭ ئۈستەلگە لىق تىزىلدى، يەنە بەزىلەر ئۆيدىكى ياڭراتقۇنى ئېلىپ چىقتى، شۇنداق قىلىپ كۆڭۈللۈك يىغىلىش باشلاندى.

قورغاس شەھەرلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىدە خىزمەت قىلىۋاتقان مېڭ جۈەن ئەتىگەندىلا ياغ، گۈرۈچ، كېسەك چاي قاتارلىق بايراملىق سوۋغاتلارنى ئېلىپ، بۇ شەھەرنىڭ يېڭىچېگاشەن شىبە يېزىسى چىچېگاشەن كەنتىدىكى تۇغقىنى نۇرقالى روزامبېكنىڭ ئۆيىگە كەلدى.

مېڭ جۈەن تۇغقىنىنىڭ ھويلىسىغا كىرىپلا، نۇرقالى بىلەن خوتۇنى تۇران قورمانىنىڭ مېۋە ـ چېۋە، قۇرۇق مېۋە، تاتلىق ـ تۈرۈم قاتارلىق يېمەكلىكلەرنى تاماق ئۈستىلىگە تىزىۋاتقانلىقىنى كۆردى.

«ۋاي-ۋۇي، ئوماق سىڭلىم، تېز كېلىڭ، تېز كېلىڭ، سەل تۇرۇپ بىللە گۆش يەيمىز» دېدى تۇران مېڭ جۈەننى مۇرىسىدىن قۇچاقلاپ خۇشال ھالدا.

مېڭ جۈەن قايتىدىغان چاغدا، تۇران ئالدىن تەييارلاپ قويغان بىر تەخسە ساڭزىنى ئېلىپ چىقىپ: «سىڭلىم، بۇ مەن پىشۇرغان ساڭزا، ئالغاچ كېتىڭ، باللارمۇ ئېغىز تەگسۇن» دېدى.

## دوستلۇق رىشتى قويۇق بولغان ئىللىق بايرام

8 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى ئەتىگەندىلا، ئاپتونوم رايونلۇق قاتناش ـ تىرانسپورت نازارىتىنىڭ كەنتتە تۇرۇشلۇق كادىرى سۈن جيەنبىڭ يوپۇغا ناھىيەسىنىڭ يوپۇغا يېزىسى يۇقىرى تىگىن كەنتىدىكى تۇرسۇن ھېيتنىڭ ئۆيىگە كەلدى، كۆرۈشۈپلا، ئاكا ـ ئىنى ئىككىيلەن قىزغىن قۇچاقلىشىپ، ھال ـ ئەھۋال سوراشتى.

سۈن جيەنبىڭ ھۈنىرىنى ئىشقا سېلىپ، ئىنىسىغا بىر ئۈستەل قورۇما قورۇپ بەرمەكچى بولدى.

ئاكىسىنىڭ قولى قولىغا تەگمەي تەييارلىق قىلىۋاتقىنىنى كۆرۈپ، تۇرسۇن يېڭىنى تۈرۈپ ئۇنىڭغا ياردەملەشتى، ئۇ كۆڭلى ئېلىلغان ھالدا مۇنداق دېدى: «سۈن جيەنبىڭ ماڭا ئۆز ئاكامدەك غەمخورلۇق قىلدۇ، كۆڭۈل بۆلدۇ، خىزمەت ئەترىتىنىڭ ياردىمىدە، ئائىلەمنىڭ تۇرمۇشى كۈندىن ـ كۈنگە ياخشى بولۇپ كەتتى، بۇنىڭدىن كېيىن داۋاملىق تىرىشىمەن».

بىر قازاننىڭ تامىقى بىللە يېيىلدى، ئىتتىپاقلىق رىشتى ئورتاق بايان قىلىندى. قويۇق دوستلۇق بايرامنى ئادەتتىن تاشقىرى قىزىتتى.

چۈشتە، مەززىلىك پولۇ تەييار بولدى. قاراقاش ناھىيەسى قاراقاش بازارلىق ئەدلىيە ئورنىنىڭ كادىرى جۇڭ شياۋچېك بۇ بازارنىڭ چىمەنباغ كەنتىدىكى كەنت ئاھالىسى توختىداۋۇتخان ئابدۇللا بىلەن بىللە بىرىنچى خىل قورۇما قورۇدى، كۆپچىلىك خۇشال ـ خۇرام ھالدا جەم بولۇش تامىقى يېدى.

51 ياشلىق توختىداۋۇتخان ئىككى بالىنىڭ ئانىسى. ئېرى بالدۇر ئۆلۈپ كەتكەن، تىرىلغۇ يېرى ئاز بولغاچقا، ئالدىنقى بىرنەچچە يىلدا ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن نامرات ئاھالە قاتارىغا كىرگۈزۈلگەنىدى. جۇڭ شياۋچېڭنىڭ ياردىمىدە، ئۇ كەنتتە خىزمەت تېپىپ، ھەر ئايدا مۇقىم كىرىمى بار بولدى. توختىداۋۇتخان ئائىلىسىنىڭ تۇرمۇشىنىڭ كۈندىن ـ كۈنگە ياخشىلانغانلىقىنى كۆرۈپ، جۇڭ شياۋچېك ناھايىتى خۇشال بولدى.

«بۇ بىر يىلدا سىز بىزگە ئاز ياردەم قىلمىدىڭىز، سىز مېنىڭ ياخشى سىڭلىم» دېدى توختىداۋۇتخان مىننەتدارلىق بىلەن.

پاراڭلىشىۋاتقاندا، كەنت ئاھالىلەر كومىتېتى تەرەپتىن يېقىملىق ناخشا ئاۋازى ئاڭلاندى. «يۈرۈڭلار، بىز كەنتتە ئۆتكۈزۈلگەن قۇربان ھېيتلىق بىرلەشمە كۆڭۈل ئېچىش پائالىيىتىگە قاتنىشايلى!» جۇڭ شياۋچېك بىلەن توختىداۋۇتخان بىر ئائىلە كىشىلىرى قول تۇتۇشۇپ كەنت ئاھالىلەر كومىتېتىغا قاراپ ماڭدى.

**(مۇخبىرلىرىمىز رايىدە، گەي يوۋجۈن، جاڭ جىلى، جاڭ رۇيلىن، جەزىرە نىسبېك، خەن چىنيەن، لى داۋجۇڭ، ئىختىيارىي مۇخبىرلىرىمىز لى جىنچاۋ، رىن لىيىڭ يازغان)**




**8 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى، ساياھەتچىلەر قەشقەر قەدىمي شەھىرىدە ناخشا ـ ئۇسسۇل نومۇرلىرىدىن ھوزۇرلانماقتا.**
**□ مۇخبىرىمىز ئۆتكۈر نىجات فوتوسى**

(بېشى 1 ـ بەتتە)

شىيامېندىن كەلگەن شېن شۇيېڭ مۇنداق دېدى: «بۈگۈن قۇربان ھېيت، ھەر مىللەت ماھىرلار بىلەن بىللە مۇسابىقىگە قاتنىشىپ، ئورتاق بايرام ئۆتكۈزگەنلىكىمدىن ناھايىتى خۇش بولدۇم!»

قۇربان ھېيت يېتىپ كېلىش ئالدىدا، ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي تىنچلىق يولى 482 ـ نومۇرلۇق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى چوڭ قورۇسىدا، گۈيۈەن كوچىسى مەھەللىسىدىن كەلگەن خۇشاللىققا تولغان يازلىق تەتىل ئۇسسۇل سىنىپىدىكى قىزچاقلار ئاق تور كۆڭلەك كىيىپ، لەرزان ئۇدارغا ئەگىشىپ ئۇسسۇل ئويناۋاتاتتى.

سەھنىنىڭ ئالدى تەرىپىدە، ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ تىيانشان رايونى ئەرداۋچاۋ تەۋەلىك رايونى گۈيۈەن كوچىسى مەھەللىسىدىكى 200دىن ئارتۇق ھەر مىللەت ئامما ئارىلاپ ـ ئارىلاپ سەھنىدىكى ئويۇن ئۈچۈن ئالقىش ياڭرىتىپ، چۇقان سېلىۋاتاتتى. بۇ يىل 12 ياشقا كىرگەن سۇمەييە ئابدۇنەبى ھاياجانلانغان ھالدا مۇنداق دېدى: «ئۇسسۇلنى يۇرتقا قايتقان ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى پىدائىي ھەدىلەر ئۆگەتكەن، بۈگۈن كۆپچىلىككە ئورۇنلاپ بەرگىنىمدىن ناھايىتى خۇش بولدۇم».

ئويۇن ئاخىرلاشاي دېگەندە، باللارنىڭ تۆرتكىسىدە، قولۇم ـ قوشنىلار قول تۇتۇشۇپ ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئويناپ، «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىشىپ بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك بولۇش»نىڭ گۈزەل مەنزىرىسىنى جانلىق ئەكس ئەتتۈردى.

8 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى، بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق تەرەققىيات ۋە ئىسلاھات كومىتېتىنىڭ چەرچەن ناھىيەسى توغراقلىق يېزىسى زاغۇنلۇق كەنتىدە تۇرۇشلۇق «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» خىزمەت ئەترىتى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بىرلەشمە دوستلۇق پائالىيىتىنى تەشكىللەپ قانات يايدۇردى، خىزمەت ئەترىتى ۋە ھەر مىللەت ئامما بىر يەرگە جەم بولۇپ، خۇشال-خۇرام ئۇسسۇل ئويناپ، يېقىملىق ناخشا ئېيتىپ بايرامنى ئورتاق ئۆتكۈزدى.

يۇرتىغا قايتقان ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى مېھرىبان تۇرسۇن مۇنداق دېدى: «بايرامدا سەنئەت تالانتىمنى كۆرسىتىش ئارقىلىق يۇرتداشلارغا خۇشاللىق ئېلىپ كەلگەنلىكىمدىن ئىنتايىن خۇشال بولدۇم!»

8 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى چۈشتە، شايار ناھىيەلىك خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ كادىرى جەي جېنئەن ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن بىللە سوۋغات ئېلىپ شايار ناھىيەسىنىڭ قىزىلبايراق بازىرى دولقۇن كەنتىدىكى كەنت ئاھالىسى سېپىيەم مەمەتنىڭ ئۆيىگە تۇغقان يوقلاپ كەلدى.

«ئاچا، بىز سىزنى يوقلاپ كەلدۇق!» سېپىيەمنىڭ ئۆيىگە كىرىشىگىلا جەي جېنئەننىڭ بۇرنىغا مەززىلىك تائامنىڭ ھىدى ئۇرۇلدى. ئەسلىدە، سېپىيەم تۇغقانلىرىنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن ئالدىراش چۈشلۈك تاماق تەييارلاۋاتاتتى.

2017 ـ يىلى جەي جېنئەن بىلەن سېپىيەم تۇغقانلاشقاندىن بۇيان، ئىككى ئائىلە بىر ئائىلە كىشىلىرىدىن بولۇپ قالدى.

سېپىيەمنىڭ چوڭ ئوغلى ئەخمەت نەمەت ئالدىراپ ـ تېنەپ شايار ناھىيە بازىرىدىن ئۆيىگە قايتىپ كەلدى. ئۆيىنىڭ شاد ـ خۇراملىققا چۆمگەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۇ خۇشال ھالدا مۇنداق دېدى: «يېقىندىن بۇيان بىزەكچىلىك سودام بارغانسېرى ياخشىلىنىۋاتىدۇ، ئۆي ئىچىمۇ شۇنداق شادلىققا تولۇپتۇ، ئىچ ـ ئىچىمدىن خۇشال بولدۇم، ئىشىنىمەنكى، پارتىيەنىڭ ياخشى سىياسىتىدە، بىزنىڭ تۇرمۇشىمىز بارغانسېرى ياخشىلىنىدۇ».

كەچ كىرگەندە، خوتەن كەچلىك بازىرىدا ئادەم كۆپىيىشكە باشلىدى. سائەت 21دە، خەلق يولى كەچلىك بازىرىدىكى ئويۇن تېخى باشلانماي تۇرۇپلا، سەھنە ئاستىغا ئادەملىق تولدى.

«ياخشى-ياخشى، نېمە ياخشى؟ خوتەننىڭ كەچلىك بازىرى ياخشى...» «خوتەن كەچلىك بازىرى ياخشى» ناملىق كوللېكتىپ ئۇسسۇل مەززىلىك تائاملارنى تېتىش ئۈچۈن شىنجاڭنىڭ ئىچى ـ سىرتىدىن كەلگەن ساياھەتچىلەرگە شىنجاڭنىڭ قويۇق مىللىي ئۆرپ ـ ئادىتىنى ھېس قىلدۇردى. يايمىلار خېرىدارلار بىلەن لىق تولغانىدى، بېلىق كاۋىپى، كاۋاپ، قاقلانغان تۇخۇم، شاگو، لەڭپۇڭ، ئۆپكە ـ ھېسىپ... تۈرلۈك نازۇنېمەتلەرنى خېرىدارلار كۆرۈپ ئۈلگۈرەلمەيتتى.

شەھەردىن يىراقلارغىچە، ھەر مىللەت كادىرلار، ئامما ئۆزئارا يوقلاش، بايرامنى ئورتاق ئۆتكۈزۈش جەريانىدا قەلبى تېخىمۇ يېقىنلاشتى.

**(مۇخبىرلىرىمىز خەن چىنيەن، گەي يوۋجۈن، لى داۋجۇڭ، جاڭ تىڭ، يې شياۋمىن، بايىنغولىن ئوبلاستلىق مۇخبىرلار پونكىتىدىن جاڭ خۇيجياڭ، ئىختىيارىي مۇخبىرلىرىمىز جاڭ لۇ، مىڭ ۋېي يازغان)**